## 21222 ـ پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام نەچچە قېتىم ئۆمرە قىلغان؟

**سۇئال**

پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەچچە قېتىم ئۆمرە قىلغان؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغان، ئاخىرقى ھەج بىلەن قىلغان ئۆمرىدىن باشقىسىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغان. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىنكى ئۆمرە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى قىلغان ئۆمرە، ھۇنەيىن غازىتىدىن كېيىن غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ بولۇپ، جەئرانىدىن قىلغان ئۆمرە، ھەج بىلەن بىرگە قىلغان ئۆمرە قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 4148-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1253-ھەدىس].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىن تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغان ئۇنىڭ ھەممىسىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغان.

بىرىنچى: ھۇدەيبىيەدە قىلغان ئۆمرە بولۇپ، بۇ تۇنجى قېتىم قىلىنىغان ئۆمرە بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 6-يىلى مۇشرىكلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قۇربانلىق تۆگىلەرنى شۇ يەردە بوغۇزلاپ، ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، ئېھرامدىن چىقىپ مەدىنىگە قايتىپ كەتكەن.

ئىككىنچى: ھۇدەيبىيەدىن كېيىنكى يىلى قىلغان ئۆمرە بولۇپ، مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئۆمرە پائالىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن مەككىدىن قايتىپ كەتكەن.

ئۈچىنچى: ھۇنەيىن غازىتىغا چىقىپ، جەئرانىدىن قايتقاندا ئېھرام كىيىپ مەككىگە قايتىپ ئۆمرە قىلغان.

تۆتىنچى: ھەج بىلەن بىرلىكتە قىلغان ئۆمرە.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت قېتىمدىن ئارتۇق ئۆمرە قىلمىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. "
[زادۇل مەئاد 2-توم 90-93-بەتلەر].

ئىمام نەۋەۋىي يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئۆمرىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلىشى،

بۇ ئاينىڭ ئۇلۇغ ئاي بولغانلىقى، شۇنداقلا جاھىلىيەت ئەھلىگە قارشى ھالدا ئىبادەت قىلىشىدۇر. چۈنكى ئۇلار زۇلقەئدە ئېيىدا ئۆمرە قىلىشنى بەك ئېغىر گۇناھ دەپ قارايتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زۇلقەئدە ئېيىدا تەكرار ئۆمرە قىلغانلىقى ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ۋە جاھىلىيەت قارشىنىڭ ھەقىقەتەن باتىل ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر". [شەرھى مۇسلىم ناملىق ئەسەر 8-توم 235-بەت].